# ئىزدىنىش

(تاللانما)

9

1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 9-سان

(ئومۇمىي 111-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 13-، 14-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**پايتەختتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز**
(1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى) ...................... **جياڭ زېمىن(2)**

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆز**
(1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ............ **جياڭ زېمىن(10)**

**دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتەيلى** ...................... **زۇ جياخۇا(16)**

پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا
...................... **جاڭ چۈەنجىڭ (29)**

**★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# پايتەختتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

بۈگۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شياڭگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق بايراق ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون بايرىقى شياڭگاڭدا چىقىرىلدى، ئالتە مىليوندىن ئارتۇق شياڭگاڭلىق قېرىنداش ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى. مۇقەددەس زېمىنىمىز شادلىققا چۆمدى، بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى تىكىلدى. خەلقىمىزنىڭ بۇ 100 يىللىق ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى!

بۈگۈن كەچتە پايتەختتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى بۇ يەردە كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مىللىتىمىزنىڭ بۇ كاتتا مەرىكىسىنى تەبرىكلىمەكتە. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن، شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ شىياڭگاڭنىڭ ئىشغال قىلىنىۋېلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان 100 يىللىق ئار-نومۇسىنى يۇغانلىقىدىن، شىياڭگاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان يېڭى ئەسىرنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن؛ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنداش يولىدا مۇھىم قەدەم تاشلىغانلىقىمىزدىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقى، تەرەققىياتى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا يېڭى تۆھپە قوشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى زور ئىش، شۇنداقلا 20-ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى زور ئىش.

بۇ مۇھىم پەيتتە بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يارىتقۇچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنى چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز. ئۇ شىياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ تامامەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىدا زور تارىخىي تۆھپە قوشتى. بىز ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىياڭگاڭنىڭ ئىشلىرىنى چوقۇم ياخشى قىلىشىمىز، ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

بۇ مۇھىم پەيتتە بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇ دې قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى ۋە يېڭى جۇڭگونى قۇرغۇچىلارنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز، ئۇلارغا تەسەللىي بولىدىغىنى شۇكى، شىياڭگاڭ ئاخىرى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلدى، ئاۋمېنمۇ پات ئارىدا ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، ۋەتىنىمىزنى تامامەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئىستىقبالى ئالدىمىزدا.

ھازىرقىغا نەزەر سېلىپ، ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك چەكسىز ھاياجانلىنىمىز. يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگو خەلقى مۇشكۈل ھەم ئۇزاق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا قانچىلىغان خورلۇق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى، قانچىلىغان ئارزۇ-ئىستەكنى، قانچىلىغان ئەگرى-توقايلىقلارنى، قانچىلىغان كۈرەش ۋە قۇربان بېرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك مۇستەقىللىككە، ئىلگىرىلەشكە، تەرەققىياتقا، ئىپتىخارلىققا ئېرىشەلىدى.

19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى ۋە 50-يىللىرىدا ئەنگلىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىدىغان ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەننى ھاقارەتكە

دۇچار قىلىنغان «نەنجىڭ شەرتنامىسى» ۋە «بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا، شياڭگاڭ ئارىلى ۋە جيۇلۇڭنى ئەنگلىيىگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. 1898-يىلى ئەنگلىيە يەنە «شياڭگاڭنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىش مەخسۇس كېلىشىمى» ئارقىلىق ”شىنجيې“نى 99 يىللىق مۇددەت بىلەن مەجبۇرىي ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، پۈتكۈل شياڭگاڭ رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

شياڭگاڭنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىنىشى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى خورلىنىش تارىخىنىڭ يىغىنچاق كۆرۈنۈشى. «نەنجىڭ شەرتنامىسى» كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگو خەلقىگە تاڭغان تۇنجى تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامە. ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىقى، جاھانگىر بىلەن فېئودالىزم بىرلىشىپ جۇڭگو خەلقىگە قىلغان قوش زۇلۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا، پۈتكۈل مىللەتنى ئويغاتتى، كەڭ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ مۇشۇنداق ئويغىنىشى ۋە قارشىلىقى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تارىخىي دىئالېكتىكا.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، نامراتلىق، ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بوزەك بولىدىغان، قالاقلىق سەۋەبىدىن دۇمبا يەيدىغان تارىخىي تەقدىرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوزغىلىپ كۈرەش قىلىش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىش كېرەك. كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان كۈندىن باشلاپ، جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ خورلىنىشقا تاقابىل تۇرۇش، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىدىن يىخېتۇەن ھەرىكىتىگىچە، ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىشىدىن سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە سانسىزلىغان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دۆلەتنى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ 4-ماي ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى يەنىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق ئاخىر ئۆز شەللىسىدىكى ”ئۈچ چوڭ تاغ“نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك يېڭى تارىخىي دەۋر ئاچتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى خالىغانچە بوزەك قىلىنىش ۋە تالان-تاراج قىلىنىشتىن قۇتۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو خەلقى زامانىۋىلاش-

تۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى كۆنسېرى ئۆسمەكتە. بۇ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مىللىي ئازادلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىلغار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولۇشى ۋە ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ: جۇڭگو ئىلغارلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي نەزەرىيىگە ئىگە بولغان ۋە ئۇنى دۆلەت تەقدىرىنى كۆزىتىدىغان قورال قىلغاندىلا، جۇڭگو خەلقى روھىي جەھەتتىكى پاسسىپلىقتىن تەشەببۇسكارلىققا ئۆتەلەيدۇ، دېگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈنلا، جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ مىللىي مۇستەقىللىك ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنى دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ ياشنىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈنلا، جۇڭگو خەلقىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىيەلىدى. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانمىغان بولساق، مىللىي ئازادلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىزگە يەنە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، دەۋرنىڭ قەدىمىگە ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بېكىنمىچىلىكنى تۈگىتىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش كېرەك. غەرب سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئالغا ئىنتىلىشنى خالىماي، نادانلىق قىلىپ سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، ھەم دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي، ھەم كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالماي، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتكە قالغان. ئازادلىققا ئېرىشكەن جۇڭگو خەلقى تارىختىن قېپقالغان نامرات، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى، دۇنيا ئەللىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئىقتىساد، سودا، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەتەن ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشنى كۆزدە تۇتۇپ، تارىخ ۋە رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلۇغ سىياسەتچى، ستراتېگىيىچىگە خاس يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى تاماملىشىمىز ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. بىز مۇشۇ تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شياڭگاڭنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدۇق، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەر ۋە خەلقئارا تالاش-تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشى ئۈچۈنمۇ يېڭى ئۈلگە يارىتىپ بەردۇق.

بىز «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، شياڭگاڭنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە، قانۇنلىرىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.

بىز شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇندا بېرىلگەن تولۇق ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايمىز، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشىنى قوللايمىز. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ. مەركەز تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر شياڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنىغا ئەمەل قىلىشى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك.

بىز شياڭگاڭ ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان تولۇق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كاپالەتلەندۈرىمىز. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ شياڭگاڭدىكى ئىقتىسادىي سودا پائالىيىتى ۋە مەبلەغ مەنپەئەتى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ.

مۇشۇ فاڭجېن، سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزاققىچە گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ۋەتىنىمىز ئىچكى جايلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئاۋمېننى ئۇڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىش ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى

جارى قىلدۇرۇشقا، خەلقئارا ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلدى. ئۇلار ئىككى قولى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ شياڭگاڭنى تەرەققىي تاپقۇزدى، شياڭگاڭنى گۈللەندۈردى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشى بىلەن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ سىياسىي ئورنىدا تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، شياڭگاڭنى سۆيۈش قىزغىنلىقى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۇرغىدى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇشى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى، شياڭگاڭنىڭ ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق، شياڭگاڭدىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا ئىقتىسادىي چوڭ شەھەر جەزمەن تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش شياڭگاڭدا ئىقتىساد-سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە مەبلەغ مەنپەئىتى بار بارلىق دۆلەت ۋە رايونلار ئۈچۈنمۇ، جۇڭگو بىلەن ئىقتىساد-سودا ئالاقىسى بار بارلىق دۆلەت ۋە رايونلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. بىز كۆپ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلىدە ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىجابىي ھەمكارلىق پوزىتسىيىسى قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

”دېڭىز كۆكىدە ئۈزەر تولۇن ئاي، جىمى ئالەم ئاچتى گۈل چىراي.“ بۈگۈنكى بۇ گۈزەل كېچىدە ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزمۇ بىزگە ئوخشاشلا، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا مەرىكىدىن چەكسىز شادلانماقتا.

ئاۋمېن 1999-يىلى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇمۇ مىللىتىمىز ئۈچۈن يەنە بىر كاتتا مەرىكە ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيىنىڭ دوستانە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى پائال ئىشلەنمەكتە. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

”ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ توپ فاڭجېنى بويىچە ئاخىرقى ھېسابتا تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى تاماملاش جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ سەممىي ئارزۇسى. تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، بىر جۇڭگو مەيدانىغا ھەقىقىي قايتىپ، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش،

ۋەتىنىنىڭ تامامەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقىي قەدەم تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

21-ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز ياشاۋاتقان بۇ پلانېتىدا چوڭقۇر ھەم ئۈمىدلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تەرەققىياتى مۇجەسسەملەشكەن ئېنېرگىيىدىن چەكسىز ئىجادىيەت كۈچى ئۇرغۇپ چىقماقتا. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش ئەندىزىسىنى ھاسىل قىلىشقا ۋە ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلانماقتا. ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ۋە ئۆزئارا رىقابىتى، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ئۆزئارا تەسىرى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك كەڭ ھەم چوڭقۇر بولغان ئەمەس. بۈگۈنكى دۇنيادا پۇرسەت بىلەن خىرىس تەڭلا مەۋجۇت. بىز چوقۇم بۇ تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، خىرىسنى باتۇرلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى، ئومۇمىيۈزلۈك دۆلەت كۈچىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئىلگىرىلەتكەن سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي لۇشيەننى باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي مېڭىشى كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ ئىگىلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشنايدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيى پات ئارىدا ئېچىلىدۇ، بۇ قۇرۇلتايدا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كۈرەش پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، بۇ ئېلىمىز خەلقىنى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشكە يېتەكلەيدۇ.

جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى سۆيىدۇ، تىنچلىقنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويىمىز، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرىمىز، خەلقئارا ھەققانىي ئىشلارنى قوللايمىز،

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرىمىز، مەڭگۈ زومىگەر بولمايمىز، رايون ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مەڭگۈ تىرىشىمىز، دۇنيا خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىشەنچلىك دوستى بولىمىز.

بۈگۈن شىياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن خۇشاللىق كۈن، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغىنىغا 76 يىل بولغان خاتىرە كۈن، تارىخنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولىمىز . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىغا تايىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، بىرقانچە ئەۋلاد كىشىنىڭ داۋاملىق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنى چوقۇم باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوقۇم يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان)

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **جياڭ زېمىن**

خانىملار، ئەپەندىلەر، قېرىنداشلار:

بۈگۈن جۇڭگو-ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى شياڭگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ شياڭگاڭ ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ھەتتا دۇنيا ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ئىش. بۈگۈن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ئۈچۈن كاتتا مەرىكە، شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈنمۇ كاتتا مەرىكە.

مۇشۇنداق تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە مەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ئالتە مىليوندىن ئارتۇق شياڭگاڭلىق قېرىنداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن! شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان خەلقئارادىكى بارلىق دوستلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن! مەن يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا

قاتناشقان ئەزىز مېھمانلارنى، دوستلارنى قارشى ئالىمەن!

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىگە قوشۇل- غان ئۇلۇغ تۆھپە. شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شياڭگاڭنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى، شياڭگاڭنىڭ تارىخىدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ شياڭگاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئىشلىگەن، ياشىغان، كۆپەيگەن. چىن سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو ئىزچىل تۈردە شياڭگاڭنى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيە ئىككى قېتىم ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ، چىرىك، ئىقتىدارسىز چىڭ ھۆكۈمىتىنى «نەنجىڭ شەرتنامىسى» ۋە «بېيجىڭ شەرتنامىسى» تۈزۈشكە قىستاپ، 1898-يىلى يەنە «شياڭگاڭنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىش مەخسۇس كېلىشىمى» ئىمزالاشقا قىستاپ، پۈتكۈل شياڭگاڭ رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. شياڭگاڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزدىن ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەتىنىمىز خەلقى بىلەن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ قانداشلىق مىللىي ھېسسىياتى ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق، ۋەتىنىمىز خەلقى بىلەن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولۇشتەك تەقدىرداشلىق مىللىي رىشتى ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. جۇڭگو خەلقى بارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمىغان، شياڭگاڭنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىنىشىدەك بۇ دۆلەت ئار-نومۇسىنى ئەزەلدىن ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېگىلمەي-سۇنماي قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشنىمۇ ئەزەلدىنلا توختىتىپ قويمىغان.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاھاندا ئاجايىپ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. تيەنئەنمېن مەيدانىدا تۇنجى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن تەڭ جۇڭگونىڭ مىللىي مۇستەقىللىك ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىغا ماڭغانلىقى جاكارلاندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بولسا جۇڭخۇا مىللەتلىرى گۈللىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ كېلىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا شياڭگاڭ ئاخىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى خۇشال-خۇرام تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنلەردە، بىز تېخى يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتكەن دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىنى ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز. ئۇ ئۇلۇغ سىياسەتچىلەرگە خاس كارامەت ئەقىل-پاراسىتىگە

تايىنىپ، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ دېگەن ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز ۋە شياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئاۋات، مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشىمىزغا توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

ئېلىمىز ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەت ئاساسىي گەۋدىسىدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، شياڭگاڭ كاپىتالىزم تۈزۈمنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، قانۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

شياڭگاڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېگىزلىك قانۇندا بېرىلگەن يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى، جۈملىدىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرقى سوت ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ. بىز بۈگۈن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى دۇڭ جيەنخۇا ئەپەندىنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز، بىز ئۇ رەھبەرلىك قىلىدىغان ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتكە تولۇق ئىشىنىمىز ۋە ئۇنى تامامەن قوللايمىز. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىغا شياڭگاڭلا رىئايە قىلىپ قالماستىن، مەركەز تارماقلىرى ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ رىئايە قىلىشى كېرەك. مەركەز تارماقلىرى ۋە ھەرقانداق جاي شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قانۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، شياڭگاڭلىق ئاھالىلەر تۈرلۈك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدۇ. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولىدۇ، «پۇقرالىق ھوقۇق ۋە سىياسىي ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارا ئەھدىنامە»، «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارا ئەھدىنامە»، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ئەھدىنامىسىدىكى شياڭگاڭغا باب كېلىدىغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ. شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان دېموكراتىيە تۈزۈمنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش شياڭگاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن دېموكراتى-

يېنى تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرى ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ مەمۇرىي باشلىقى ۋە قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش نىشانىغا يېتىدۇ.

شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەركىن پورتلۇق ئورنى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى، سودا، دېڭىز ترانسپورتى مەركىزىلىك ئورنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ خەلقئارا ئىقتىسادىي چوڭ شەھەر باشتىن-ئاخىر جۇشقۇن تەرەققىي قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، ئىقتىساد، سودا، پۇل مۇئامىلىسى، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيىگە دائىر سىياسەتلەرنى قانۇن بويىچە ئۆزى تۈزۈپ چىقىدۇ، مالىيە جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالىدۇ، مۇستەقىل باج تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، مۇستەقىل تاموژنا بېجى رايونى بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەللەر، رايونلارنىڭ شياڭگاڭدىكى ئىقتىساد-سودا پائالىيەتلىرى ۋە مەبلەغ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ.

بۇ فاڭجېن، سىياسەتلەرنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ جېنىجان مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن چوڭقۇر ئويلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇش شياڭگاڭ ئۈچۈن پايدىلىق، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن پايدىلىق، دۇنيا ئۈچۈن پايدىلىق، شۇڭا ئۇنى ئۆزگەرتىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق. مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“، ”شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش“، يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئۇلارنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك — ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ فاڭجېن.

شياڭگاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ياراتقان. شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھى كىشىنى ئىنتايىن قايىل قىلىدۇ. شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار جەزمەن مۇنداق قىممەتلىك روھنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، شياڭگاڭنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتالايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندى ”شياڭگاڭلىقلار شياڭگاڭنى ئوبدان ئىدارە قىلالايدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىش لازىم“ دەپ ياخشى ئېيتقانىدى.

شياڭگاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. ئىچكى ئۆلكىلەر ئىسلاھات-

ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان، شياڭگاڭ ۋەتىنىمىزدىن تېخىمۇ كۈچلۈك قوللاش ۋە ھىمماتقا ئىگە بولدى. شياڭگاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ دۇنيا ئەللىرى بىلەن ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، شياڭگاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئۇنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى يېڭى، تېخىمۇ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە يەنە باشقا كۆپ خىل ئامىللار-نىڭ رولىمۇ بار. ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىشكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋەتكەن ئەركىن پورت سىياسىتى، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان قانۇن-تۈزۈم، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنى، ئۈنۈملۈك بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە شەھەر مەمۇرىي باشقۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى شياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ شارائىتلار داۋاملىق تۈردە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە. مەيلى مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە بولسۇن ياكى ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە بولسۇن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ۋەتەننى، شياڭگاڭنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى جەزمەن يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشنى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ زور شان-شەرىپى قىلىدۇ.

شياڭگاڭدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ بەزىلىرى شياڭگاڭنى ئائىلىسى قىلدى، شياڭگاڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان يۇرتى بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى شياڭگاڭدا ئېرىق-جىنس ئايرىلماستىن، ھەممە كىشى باراۋەر رىقابەتلىشىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەممە كىشى قانۇندا كاپالەتلەندۈرۈلگەن ھەر خىل ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

جۇڭگو-ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى شياڭگاڭ مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى. بۇ يەردە مەن شياڭگاڭنىڭ سىلىق ئۆتۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئەنگلىيە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنىشى جۇڭگو-ئەنگلىيە خەلقلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

دوستلۇقنى يەنمۇ راۋاجلاندۇردۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدە ئەڭ تۈپ ئاساسلىقى بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ماڭدۇق. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. بىز ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنى بويىچە ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىمىز، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز ھەم ئاخىرقى ھېسابتا تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. بىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تىنچ، مۇقىم، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشىمىز.

21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە بارماق بىلەن سانىغۇدەك ۋاقىت قالدى. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەر بىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تامامەن بىرلىككە كېلىشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلايلى!

ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتەيلى

زۇ جياخۇا

ئۇچۇرلىشىش— ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى، ئۇچۇرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش —دۇنيا ئەللىرى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەركىزىي نۇقتا. دۆلىتىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا 80-يىللاردىن باشلاپلا كۆڭۈل بۆلۈندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1984-يىلىلا: "ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم" دەپ كۆرسەتكەنىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن: "تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھېچقايسىسى ئۇچۇرلىشىشتىن ئايرىلالمايدۇ" دەپ تەكىتلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى "خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىش جەريانىنى تېزلىتىش" ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىنى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى ئۇچۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»غا كىرگۈزدى، بۇلار دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

1993-يىلدىن ئېتىبارەن دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئېلېكترون، پوچتا-تېلېگراف، رادىئو-تېلېۋىزىيە ساھەسى تېز راۋاجلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28%تىن ئېشىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېشىش نىسبىتى 50%، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بولسا 35% بولدى. پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 46% بولۇپ، ئوپتىكىلىق كابېلنى ئاساس، مىكرو دولقۇن، سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىنى قوشۇمچە قىلغان جامائەت غول لىنىيىلىك تارقىتىش تورى بارلىققا كەلدى، ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيىسى 100 مىڭ كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتتى. 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە قۇرۇلغان رادىئو ئىستانسىلىرى 1200دىن ئېشىپ، رادىئونىڭ ئاھالە ئىچىدە تارقىتىش نىسبىتى 78.7%كە يەتتى؛ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى 2000دىن ئاشتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستېمالچىلىرى 40 مىليون تۈتۈنگە يەتتى، تېلېۋىزورنىڭ ئاھالە ئىچىدە تارقىتىش نىسبىتى 84.5%كە يەتتى. 9-بەش يىللىق پىلانىنىڭ دەسلەپىدە بۇ ئۈچ ساھە يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى.

دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىدا تەرەققىيات بىرقەدەر زور بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى ”ئالتۇن كۆۋرۈك“، ”ئالتۇن كارتوچكا“، ”ئالتۇن تاموژنا“، ”ئالتۇن باج“ قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش بىلەن باشلاندى. ھازىر ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا دائىر تورلار بېكىتىلىپ بولدى، ئالتۇن كۆۋرۈك تورى 24 شەھەردە رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. ئالتۇن كارتوچكا قۇرۇلۇشى جەھەتتە بىرىنچى تۈركۈمدە سىناق قىلىنغان 12 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئالتىسىدىكى بانكا كارتوچكىسى بانكا ھالقىپ تورلاشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، غەيرىي بانكا كارتوچكىلىرىنى ئىشلىتىدىغان ساھەلەرمۇ تەدرىجىي كېڭەيمەكتە. ئالتۇن تاموژنا قۇرۇلۇشىدا نورمىلىق ۋە ئىجازەتنامىلىك باشقۇرۇش، ئېكسپورتتا باج قايتۇرۇش، ئىمپورت-ئېكسپورت ستاتىستىكىسى، ئېكسپورتتا پېرېۋوت ئېلىش-تۆلەشنى تەكشۈرۈپ باشۇرۇش قاتارلىق تۆت كەسىپ بويىچە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 50 مەركىزىي شەھەر، 800 نەچچە رايون-ناھىيە دەرىجىلىك باج تارماقلىرىدا مەخسۇس قوشۇلما قىممەت بېجى تالوننى ھېسابلاش ماشىنىسىدا تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

”تۆت ئالتۇن“ قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ساھە-كەسپلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى، ھەر خىل ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان جامائەت سانلىق مەلۇمات تورى، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بولغان ھېسابلاش ماشىنىسى تورى، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشلىرىدا زور تەرەققىيات بولدى، مەخسۇس تورلار ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دۆلەتنىڭ تور بايلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

دۆلەتنىڭ "ئۆت ئالتۇن" قۇرۇلۇشىنىڭ باشلامچىلىقىدا، جايلارنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، يېڭى تەجرىبىلەرنى ياراتتى.

يېڭى ھەرىكەت مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تاشقى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. گوۋۇيۈەن جۇڭگو بىرلەشمە ئالاقە شىركىتىنى قۇرۇشنى تەستىقلاپ، ئېلېكترونلۇق ئالاقە ساھەسىگە رىقابەت مېخانىزمىنى ئېلىپ كىردى، ئېلېكترونلۇق ئالاقە ساھەسىدە رىقابەتمۇ، بىرلىشىشمۇ بولغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. رادىئو-تېلېۋىزوردا يېڭى تېلېۋىزىيە قاناللىرى ئېچىلىپ، ئىستېمالچىلاردىن مۇۋاپىق تورغا كىرىش ھەققى ئېلىش سىياستى تۈزۈلۈپ، سىملىق تېلېۋىزور تورىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەتىلدى. ھەرقايسى ساھەلەر خەلقئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئۈستۈرۈپ، ئەگرى يولنى كۆپ مېڭىپ كەتمىدى. 1994-يىلدىن ئېتىبارەن، دۆلىتىمىزدە بەرپا قىلىنغان تۆت ھېسابلاش ماشىنىسى بىرلەشمە تورى كەينى-كەينىدىن خەلقئارا تور بىلەن بىرلەشتى.

ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ئىشلىرىدا ۋە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش جەھەتتە جەمئىي 8000غا يېقىن تۈر پۈتكەن، 8 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىشكە كەتكەن مەبلەغ سېلىنمىسى بىلەن ئېلىنمىنىڭ نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5:1 بولۇپ، خېلى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ھەرقايسى ساھەلەر ھېسابلاش ماشىنىسى تەربىيىسى بىلەن ئۇچۇرلىشىش خادىملىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. مەملىكىتىمىزدە ھېسابلاش ماشىنىسى، ئالاقە، رادىئو، مىكرو ئېلېكترون

قاتارلىق يەن ۋە كەسىپلەر بويىچە 175 دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى، 730 چە ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسى بار. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھېسابلاش ماشىنىسى دەرسى جەزمەن ئۆقۇلىدىغان دەرس قىلىندى، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىدا ھېسابلاش ماشىنىسى دەرسى تەسىس قىلىندى، ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشلەتكۈچى كەڭ تارماقلار ھېسابلاش ماشىنىسى كەسپى بويىچە تەربىيىلەش ئىشنى كەڭ قانات يايدۇردى. ھەر يىلى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن دوكتور ئوقۇغۇچى 300 دىن، ماگىستىر ئوقۇغۇچى 4100 دىن ئاشىدۇ، دولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 40 مىڭچە كېلىدۇ، ئۇچۇرچىلىق تۈرى بويىچە تېخنىكومنى يۈتتۈرگەنلەر 55 مىڭ. ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئۇچۇرلىشىش بىلىملىرىنىڭ پائال ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇچۇرلىشىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئۆستى.

رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى، ئۇچۇرلىشىش خىزمىتى تەشكىللىك بولۇش، مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا بولۇش يولىغا سېلىندى. 1993-يىلى دۆلەت ئىگىلىكنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بويىچە باش قوشۇش كېڭىشى قۇرۇلدى، 1996-يىل 1-ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ قارارى بويىچە يەنە گوۋۇيۈەن ئۇچۇرلىشىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بەزى مىنىستىرلىك-كومىتېتلار ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ ئۇچۇرلىشىش خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى كەينى-كەينىدىن قۇردى. ئۇچۇرلىشىش رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزدە ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلۈشى جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

دۆلىتىمىزدە ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، ۋەزىيەت ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، ئەمما بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. بۇلار ئاساسەن مۇنۇلار: مەملىكىتىمىزدىكى ھالقىلىق تېخنىكا ۋە جابدۇق ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى تېخى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بولۇپمۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ تەلپىگە تېخى ئۇيغۇن ئەمەس؛ دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا لازىملىق ئالىي ئىختىساسلىق كىشىلەر كەم، پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇچۇرلىشىش ئېڭى ۋە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۇچۇرلىشىش ھەققىدىكى سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ تېخى ئازراق بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا پەيدىنپەي ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئوي-پىكىرلەر

گوۋۇيۈەن ئۇچۇرلىشىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى بويىچە 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان(پروگرامما)»(تۆۋەندە «دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى ھەققىدىكى پىلان» دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى) مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ ئومۇمىي پىلاندا دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىغا تەبىر بېرىلدى. **دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى دېگىنىمىز دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، پەن-تېخنىكا، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇچۇر بايلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ ۋە ئۈنۈمدىن كەڭ پايدىلىنىپ، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.** بۇ تەبىر مۇنداق تۆت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىشىشتىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇچۇرلىشىش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى دۆلەت بىر تۇتاش پىلانلىشى، بىر تۇتاش تەشكىللىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ھەر بىر ساھە زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كەڭ قوللىنىشى، ئۇچۇر بايلىقىنى چوڭقۇر ئېچىشى ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشى كېرەك؛ تۆتىنچى، ئۇچۇرلىشىش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر.

يۇقىرىقى تەبىرگە ئاساسەن، «دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى ھەققىدىكى پىلان»دا دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش سىستېمىسىنىڭ **ئۇچۇر بايلىقى، دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورى، ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىش، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە كەسپى، ئۇچۇرلىشىشتىكى ئىختىساسلىق خادىملار، ئۇچۇرلىشىش ھەققىدىكى سىياسەت، قانۇن-نىزام ۋە ئۆلچەم دېگەن ئالتە ئامىلنى** ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇچۇرلىشىشتا ھەر بىر ئامىلنىڭ مۇئەييەن ئورنى ۋە رولى بار. **ئۇچۇر بايلىقى** ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ستراتېگىيىلىك بايلىق، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش — دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىدا يادرولۇق ۋەزىپە، دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىدىكى ھالقا. **دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورى** ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش، ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىشنىڭ ئاساسى. **ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىش** دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ

ئاساسي ئۇستىھكامى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇنۇمىنى مەركەزلىك كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە كەسپى** دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈۋرۈك. **ئۇچۇرلىشىشتىكى ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشى** دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ باشقا ئامىللارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. **ئۇچۇرلىشىش ھەققىدىكى سىياسەت، قانۇن-نىزام ۋە ئۆلچەم** دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنىڭ تېز، تەرتىپلىك، ساغلام تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتىدۇر.

دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ كۈرەش نىشانى: 2000-يىلغىچە، مەلۇم كۆلەمدىكى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش. 2010-يىلغىچە، مۇكەممەل، خېلى كۆلەمگە ئىگە بولغان، ئىلغار بولغان دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش.

## ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسي ۋەزىپىسى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئۇچۇرلىشىش خىزمىتىگە مۇنداق ئومۇمىي تەلەپ قويۇلدى: **دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۇچۇرلىشىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى "بىر تۇتاش پىلانلاش، دۆلەتنى يېتەكچى قىلىش؛ ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەمكارلىشىپ قۇرۇش؛ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش" دېگەن يېتەكچى فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇر ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، "ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش"نى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، چەت ئەل بىلەن ھەمكارلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش.**

ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەم يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇش، ھەم مەۋقەنى نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتكە قويۇش، ئىشنىڭ مۇھىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسى بويىچە قەدەممۇقەدەم ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

**بىرىنچى، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشىنى تەشكىللەش.** ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز ھالقىسى، شۇڭا نۆۋەتتىكى خىزمەتتە ئۇنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇچۇن ئاكتىپ ھالدا پايدىلىق مۇھىت ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى بىلەن ماسلاشتۇرۇشى، ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ئۈزلۈكسىز تۈردە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، سىغىمچانلىقنى كېڭەيتىپ، سان-مىقدارنى كۆپەيتىپ، ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ تورلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇچۇر بايلىقىنى تورغا كىرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەش لازىم. بازار مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، تارماقلار، ئورگانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش ۋە بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلماسلىق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇچۇر بايلىقىنىڭ سودىلىشىش دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر بازىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئۇچۇر بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.** ئۇچۇر تورى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاساسىي مۇئەسسەسەسى، ئۇچۇر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىدا بىر تۇتاش پىلانلاش، تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم: دۆلەتنىڭ ئۇچۇر تورىنى قۇرۇش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشكە دەرھال تۇتۇش قىلىپ، دۆلەتنىڭ غول لىنىيىلىك تارقىتىش تورىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى ئورۇنداش، تور قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەكشەپ، مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، بىخەتەر، ئىشەنچلىك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ھازىرقى بار بولغان تور بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ غول

لىنىيىلىك تارقىتىش تورىنى بىرلىشىپ قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەمدە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن تور باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش؛ بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىش تەقسىم قىلىشقىلىپ ھەمكارلىشىپ، ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قوبۇل قىلىش تورىنى بىرلىشىپ قۇرۇش؛ ئېلېكتىرونلۇق ئالاقە تورى، رادىئو-تېلېۋىزىيە تورى ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى تورىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش.

**ئۈچىنچى، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش.** ئۇچۇر كەسپىدە تەرەققىيات يۈرۈشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇچۇر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، يۇمشاق ماتېرىياللارنى ياساش، سىستېما توپلاشتۇرۇش ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. بولۇپمۇ توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنى ئېچىش، لايىھىلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئۆستۈرۈپ، يۇمشاق ماتېرىيال ۋە سىستېما توپلاشتۇرۇش كەسپىنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم؛ ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئۇچۇر كەسپىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ يېڭى ساھەسىنى پائال ئېچىش لازىم. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تېخنىكا يارىتىش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، تورنىڭ بىخەتەرلىكى، كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. يەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىدا، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈسكۈنە ۋە سىستېمىلارنى پائال قوللىنىش لازىم.

**تۆتىنچى، قۇرۇلۇش باشلانغان "تۆت ئالتۇن" قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش.** قۇرۇلۇش باشلانغان "تۆت ئالتۇن" قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىز جىددىي موھتاج بولۇۋاتقان تارماقتىن ھالقىغان، رايوندىن ھالقىغان چوڭ تۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چىڭ تۇتۇپ، ياخشى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 3 يىلدىن 5 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا ئالتۇن كۆۋرۈك تورىنى خېلى زور كۆلەمگە ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئۇچۇر تورى ۋە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئالتۇن تاموژنا قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئېكسپورتنى نورمىلىق ۋە ئىجازەتنامىلىك باشقۇرۇش، ئېكسپورتتا باج قايتۇرۇش، ئىمپورت-ئېكسپورت ستاتىستىكىسى، ئېكسپورتتا پېرېۋوت ئېلىش-تۆلەشنى تەكشۈرۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق تۆت كەسپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىچە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسىنى داۋاملىق بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالتۇن كارتوچكا قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بانكا كارتوچكىسىنى تارقىتىش كەسپى بويىچە بانكىدىن ھالقىغان بىرلەشمە تىجارەتنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئېلېكترونلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش؛ بانكىدىن سىرت ئورۇنلار تارقىتىدىغان ئەقلىي كارتوچكىلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قوللىنىلىشىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى جەھەتتە، كىرىشتۈرمە تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە يالغاندىن ساقلىنىدىغان باج كونتروللۇق سىستېمىسىنى داۋاملىق قۇرۇش كېرەك. بەش يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مەملىكەت بويىچە 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرنى، ۋىلايەت-شەھەر دەرىجىلىك 400 تەكشۈرۈش مەركىزىنى، 4500 سانلىق مەلۇمات يىغىش مەركىزىنى قاپلىغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ھېسابلاش ماشىنىسىدا تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

**بەشىنچى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇقتىلىق ساھەلىرىدىكى ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش.**

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇچۇرلىشىشنى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئۇچۇر سىستېمىسىنى قەدەممۇقەدەم قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇچۇر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كەڭ قوللىنىش ئارقىلىق، كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى تېزلىتىپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن لايىھەلەش ۋە ياساش تېخنىكىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئاپتوماتىكلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە تەدبىر كۆرۈشنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇچۇرلىشىش ۋاسىتىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بازار ئەھۋالىغا تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئاشۇرۇش ۋە تېزلىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش لازىم. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى

ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرلىشىش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، تەشكىللىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، پىلان، ستاتىستىكا، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، بايلىق، مال-مۈلۈك، سودا-سانائەت، ئۆلچەم، قانۇنچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۆز سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ھەرىكەت مېخانىزمى، كەسپىي تەرتىپ ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماكرو ئىقتىساد باشقۇرۇش، تەدبىر بەلگىلەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**ئالتىنچى، ئىقتىسادقا ۋە جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش.** ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىشنى بايلىق، بازار ۋە مۇلازىمەت قاتارلىق ھالقىلىق ھالقىلاردىن باشلاش كېرەك. ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر تۈرلۈك ئۇچۇر بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش لازىم. ئۇچۇرنى توپلاش، بىر تەرەپ قىلىش، ساقلاش ۋە تارقىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇچۇر بازىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇچۇر ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئېچىپ، ئېلېكترونلۇق پوچتا، ئۇزۇن مۇساپىلىك مائارىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىك داۋالاش، تېلېۋىزىيە يىغىنى، ئېلېكترونلۇق مال سېتىۋېلىش، ئېلېكترونلۇق ئېلان، ئائىلىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋە رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن نومۇر بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا مۇلازىمەت قىلىش ئىشىنى كەڭ يولغا قويۇش كېرەك. ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە بازارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جامائەتنى ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارغا ۋاقتىدا ئىگە قىلدۇرۇش لازىم.

**يەتتىنچى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى ئۇچۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش.**

پەن-تېخنىكا، مائارىپ تارماقلىرى پەن-تېخنىكا ساھەسى ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تورىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، پۈتۈن جەمئىيەتكە پەن-تېخنىكا، مائارىپ نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پەن تەتقىقات ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتۇش، ئۇزۇن مۇساپىلىك مائارىپ قاتارلىق زامانىۋى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

لازىم.

**سەككىزىنچى، زۆرۈر بولغان قانۇن، نىزام ۋە ئۆلچەملەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش.**

ئېلان قىلىنىپ بولغان قانۇن، نىزاملارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇچۇرلىشىش جەھەتتىكى قانۇن تۈزۈش پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. «ئېلېكترونلۇق ئالاقە قانۇنى» نى تەييارلاش ۋە «رادىئو-تېلېۋىزىيىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئېلېكترون سانائىتىنى گۈللەندۈرۈش نىزامى» نى تۈزۈتىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش، ئۇچۇر بىخەتەرلىكى، تور باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن تۈزۈش تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئۆلچەملەرنى بەلگىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش ئۆلچەم سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ھەرقايسى رايونلار، تارماقلار دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قانۇن، نىزام ۋە ئۆلچەملىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، زۆرۈر بولغان نىزام ۋە يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈشى كېرەك.

## تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى. ھەرقايسى تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**ئۇچۇرلىشىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم.** مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، بۇ ھالدا بىزدىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلىدە تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، سانائەتلىشىش بىلەن ئۇچۇرلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتى. مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىش ئىشىدا غەرب ئەللىرىنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، لېكىن ئۇلارنىڭ كونا يولىدا مېڭىشقا بولمايدۇ. كېيىن گۈللەنگەن

دۆلەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، سانائەتلىشىش قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلىشىش ئارقىلىق سانائەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەتلىشىش ئارقىلىق ئۇچۇرلىشىشنى كۈچەيتىپ، سانائەتلىشىش بىلەن ئۇچۇرلىشىشنى تەڭ ئىلگىرىلىتىپ، ھالقىش شەكلىدىكى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشى بىلەن بازارنىڭ يېتەكلىشىنىڭ مۇناسىۋىتى. ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، چوقۇم دۆلەتنى يېتەكچى قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، بازارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى ۋە پايدىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى. يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈلسە، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، يەنە كۈچىنى تەشكىللەپ ئۇنى ھەزىم قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، تىرىشىپ ھالقىلىق تېخنىكىنى ئىگەللەپ، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنى قەدەممۇقەدەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇچۇر كەسپى ئاساسىغا قويۇش لازىم.

**بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە بىرلىشىپ قۇرۇشنى ھەقىقىي ياخشى يولغا قويۇش كېرەك.** «دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى ھەققىدىكى پىلان»نى تۈزگەندىن كېيىن، رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ ئۇچۇرلىشىش پىلانلىرىنى چوقۇم مۇشۇ پىلان بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇر بايلىقىنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشى ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. تور قۇرۇلۇشىدا، بىرلىشىپ قۇرۇش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش، كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش ئەھۋالىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش، قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ۋە تەكرار قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەر بۇ ئىشنى ھەم پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەم ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە ئۇچۇرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش لازىم.** ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى بولۇپمۇ خەلقئارا تورغا كىرىش دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارقىتىلىشى ۋە يۇقىرى ھوقۇقنىڭ قوغدىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىگە بىنائەن "پايدىلىق تەرەپلەرنى ئۇلغايتىپ، زىيانلىق تەرەپلەرنى يوقىتىش"، "باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش" فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، تورنىڭ بىخەتەرلىكى، ئۇچۇرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرنى تورغا كىرگۈزۈش جەھەتتىكى باشقۇرۇش قاتارلىق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇچۇرلىشىش جەھەتتىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش جەھەتتىكى بىخەتەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.** ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئالدىنقى بىر باسقۇچتىكى ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، بەزى رايونلار، تارماقلارنىڭ بىرقەدەر چوڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئۇچۇرلىشىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرلىك ئورگىنىنى قۇرغان ھەمدە ھۆكۈمەتتە كۆندىلىك خىزمەتلەرنى بېجىرىدىغان ئىشخانىنى تەسىس قىلغان، بۇ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىدا تەشكىلىي جەھەتتىن مۇھىم كاپالەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلار ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ.

ئۇچۇرلىشىش ئىشى تامامەن يېڭى بولغان ستراتېگىيە خاراكتېرلىك ئىشتۇر. دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتى. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەپ، زور كۈچ بىلەن ماسلىشىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۇچۇرلىشىش قۇرۇلۇشىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىمىزگە ئىگە بىر يولنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەم تاۋار
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

**جاڭ چۈەنجىڭ**

نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم پەيتتە تۇرماقتا. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم پارتىيىمىزنى ئەڭ ياخشى پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز، ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ياخشى پارتىيە ئەزالىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، سۈپىتى يۇقىرى كادىرلار قوشۇنىنى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ ھەر بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق يوسۇندا كۈچەيتىشى كېرەك.

**1. كوممۇنىستىك غايىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، سوتسىيالىستىك ئېتىقادنى چىڭىتىش كېرەك.**

مۇستەھكەم كوممۇنىستىك غايە ۋە سوتسىيالىستىك ئېتىقاد— كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە كۈچ مەنبەسى. كومپارتىيە ئەزالىرى مۇستەھكەم غايە ۋە ئېتىقادنى تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن روشەن كۆرەش نىشانىغا ۋە تىرىشىش نىشانىغا ئىگە بولالايدۇ، ئاندىن يۈكسەك ئىدىيىۋى پەزىلەتكە ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولالايدۇ، ئاندىن كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى ۋە پىداكارلىق روھىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئاندىن ئىسمى جىسمىغا لايىق كومپارتىيە ئەزاسى بولالايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىمىز، كادىرلار قوشۇنىمىز كوممۇنىستىك غايىدىن ئىبارەت بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئېتىقادنى چىڭىتىش ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىش تەلىپىنى

ئورۇندىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، نۆۋەتتە بىر قىسىم كادىرلار جۈملىدىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشقا سەل قارىغانلىقتىن، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەگرى-توقايلىقلارنى توغرا تونۇپ يېتەلمىدى، سىناقتىن ئۆتەلمىدى، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك غايىسى سۇسلىشىپ كەتتى، ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى تەۋرەندى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كوممۇنىستىك غايە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كوممۇنىستىك جەمئىيەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل جەمئىيىتى، كوممۇنىستىك غايە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى. كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئېلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي قانۇنىيەت، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى. ھالبۇكى كوممۇنىستىك غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يەنە كېلىپ مۇشكۈل ۋە ئەگرى-توقاي بولغان ئۇزاق جەريان بولۇپ، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بىز كوممۇنىستلار قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلاردا كېلەچەكتىكى بۈيۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى كۆزلەيمىز. نۆۋەتتە، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى تۈپ ۋەزىپە---ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسىدۇر. ھازىرقى باسقۇچقا مۇشۇ ئورتاق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ ئالىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئالىي غايە بىلەن ئورتاق غايىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەم كوممۇنىزمنى كۆڭلىگە پۈكۈشى، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

بەزى يولداشلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇيالماي، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى تەۋرەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا بولغان ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىك ۋە مۇرەككەپ، بىز ئۇنى ئەتراپلىق، تارىخىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك. لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە سوتسىيالىزم سەۋەب بولغان ئەمەس، ئۇ مارك-

سىزم-لېنىنىزمنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەمەس، بەلكى بۇ ئۆزگىرىش ئاشۇ دۆلەتلەردىكى كومپارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەسىلە چىققانلىقتىن بولغان. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاج تېپىشى مۇقەررەر ھالدا قۇربان بېرىشلەرگە ۋە كۆردشلەرگە تولغان، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەگرى-توقاي جەريان بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ بەزى دۆلەتلەردە ئېغىر نوقۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى مەسىلىسىدە، بىز كوممۇنىستلار كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، غەلىبە ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزم مەغلۇپ بولغان ئوخشايدۇ، ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىزم مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ دېگەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئىنكار قىلىنغان ئوخشايدۇ دەپ قالساق بولمايدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىش يوق.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە ئېلىمىز غەرب ئەللىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئارقىدا تۇرىدۇ. لېكىن بۇنى سوتسىيالىزم تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولىمۇ تەرەققىي تاپمىغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئاساسىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قۇرغان، ھالبۇكى، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بىرنەچچە يۈز يىل بولۇپ قالدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بۇ بىرنەچچە يۈز يىللىق تەرەققىيات جەريانى تەرەققىي تاپمىغان ئەللەرنى تالان-تاراج ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش جەريانى بولدى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىزم مەملىكىتىمىزدە قۇرۇلۇش بىلەنلا ئىنتايىن زور ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە، ئىگىلىكىمىزنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى ئۆتكەن 30 يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئەتتىن كۆپ تېز بولدى، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. بۇ ھال ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنداق بىر يىمىرىلمەس ھەقىقەتنىمۇ ئىسپاتلىدى: جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا راۋاج تاپقۇزالايدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى كەمسىتسەك بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭ ھاجىتى يوق، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە شەك كەلتۈرۈشكە ئاساسىمىز يوق.

كوممۇنىستىك غايىنى ۋە سوتسىيالىستىك ئېتىقادنى چىڭىتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە، ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەپ، بىر نىيەت-بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەقسەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راسا كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى مۇقەررەر ھالدا جۇش ئۇرۇپ راۋاج تېپىپ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ياشلىق كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ.

## 2. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيىۋى سەۋىيىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىسى. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە ئەمەس، پەقەت مۇشۇ نەزەرىيىلا ھەل قىلالايدۇ. شۇڭا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز، بۇ نەزەرىيىنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز، ھەمدە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىمۇ تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاڭلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئالغا بېسىش نىشانىمىزنى پۇختا ئىگىلەپ، ئالغا بېسىش يولىدىكى ھەر خىل يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ ۋە توغرا ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلالايمىز؛ ئاندىن پارتىيىۋىلىك قارىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭالايمىز.

نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەستايىدىل كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىش كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش كېرەك، بولۇپمۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىش، يولداش جياڭ

زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، نەزەرىيىنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلەش ئۈچۈن، چوقۇم بېرىلىپ كىتاب ئوقۇش كېرەك. ھازىر بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ئىش بىلەن، مېھماندارچىلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا قىزىقمايدىغان، ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. نۆۋەتتە، خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قەدەر يۇقىرى ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى، نەزەرىيىنى ۋە ھەر خىل بىلىملەرنى تەشنالىق بىلەن ئىگىلەيدىغان دەرمەھەللىك تۇيغۇسى بولۇش كېرەك؛ خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ۋاقىتنى ئورۇنلاشتۇ-رۇشقا ماھىر بولۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىش قىلىش كېرەك؛ زۆرۈر بولمىغان مېھماندارچىلىقلارنى قەتئىي توختىتىپ، بىنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈش كەيپىياتىنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، بىر قېتىم ئۆگىنىپ قويۇش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىشقا بولمايدۇ؛ ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، ئوقۇش زۆرۈر بولغان ئەسەرلەرنى كەينىگە سۈرمەي ۋاقتىدا ئوقۇش، نۇقتىلىق باب، قىسىملارنى قايتا-قايتا ئوقۇش كېرەك. نۆۋەتتە، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش بىلەن مەركەزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە دائىر ئۈچ پارچە مۇھىم ھۆججىتىنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى يالغۇز ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى مەسىلىسى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى زور سىياسىي مەسىلە ۋە پارتىيىۋىلىك مەسىلىسىدۇر. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۆز خىزمىتىگىمۇ بىرلەشتۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگىمۇ بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش ئارقىلىق، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئايرىپ، ئىزچىل تۇردە كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، مۇستەھكەم سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. پۇلپەرەسلىككە، راھەتپەرەسلىككە ۋە شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە، قەلبىنى ئاشكارىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى ۋە ھەقىقەتچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى خاتا چۈشەنچىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

**3. خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتنى ئىزچىل تۇردە ساقلاپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش كېرەك**

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىق، قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ۋە پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ئۆلچەشنىڭ تۈپ بەلگىسى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارغا ”سىياسەتنى تەكىتلەش“ جەھەتتە قويىدىغان تۈپ تەلىپى، خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغاندەك: ”تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت مەسىلىسى ئاساسەن خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر“. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ھەقىقىي يوسۇندا ھەممىدە خەلق ئاممىسىنى كۆزلىگەندە ۋە ھەممىدە خەلق ئاممىسىغا تايانغاندىلا، ئاندىن خىزمەتتە نەتىجە يارىتالايدۇ؛ ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى قېزىش ۋە قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تېخىمۇ تېز يېتىلدۈرەلەيدۇ؛ ئاممىغا تازا يېقىنلىشىپ، ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ، ئاممىغا بەخت-سائادەت ياراتقاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

يېڭى ۋەزىيەتتە، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. رەھبەر بولغۇچى شەخسلەر تارىخىي پائالىيەتنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئورنىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسى بەرگەن ھوقۇققا توغرا مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇنى توغرا يۈرگۈزۈشى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. يولداشلىرىمىزغا شۇنىمۇ بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەككى، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نوپۇزىنىڭ

تىكلىنىشى ھەرگىزمۇ مەلۇم ھوقۇقنىڭ ھىمايىسىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى خەلق ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنگە باغلىق. ھوقۇق خەلقنىڭ ئىرادىسى بىلەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ ۋە ئۆتىدۇ. خەلق مەنپەئەتىدىن چەتلىگەن، خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن ۋە قوللىشىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ھوقۇق ئاجىز ھوقۇق ۋە ئىشەنچىسىز ھوقۇقتۇر. ھازىر بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدا ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر سۇسلىشىپ قالدى، ئۇلار ئاممىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاممىنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئاما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى، بەزىلەر ھەتتا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ، ئاممىنى باسىدۇ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى پارتىيىۋىلىك تەلپى بويىچە ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىش كېرەك. كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا، خەلق بىزگە ھوقۇقنى تاپشۇردى، بىز خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەردۇق؟ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان پىكىر ۋە سۆز-ھەرىكەتلەردە بولدۇقمۇ-يوق؟ دىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەيداننى ئاساس قىلىپ، سەممىيەتلىك بىلەن دائىم ئويلىنىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق ئۆز-ئۆزىمىزدىن ئويلىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى ئوپپېراتسىيە قىلىش پارتىيىۋىلىكىمىزنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن زۆرۈر.

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر. بىرىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئاما ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن رەھبىرىي ئورگان ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىردەك. بىراق بەزى رەھبىرىي كادىرلار بۇ ئىككىسىنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويىدۇ ياكى يۇقىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ياخشىچاق بولۇپ، رەھبەر ئالدىدىلا جاۋابكار بولىدۇ، ئاما ئالدىدا جاۋابكار بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش خاتا. رەھبىرىي كادىرلار ئاممىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دائىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ دەردى-ھالىنى ئىگەللىشى، ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى بار كۈچى بىلەن ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مادارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش، ئاما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرۈش لازىم، ئاددىي، قوپال ئىش كۆرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش بىلەن ئاما نازارەت قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پارتىيىمىز رەھبىرىي كادىرلاردا ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، لېكىن بۇنى ھەرگىزمۇ ئاممىنىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىشىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى دانا ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشى ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر ئۆز ئابرۇيىنى دەپ ھەقىقەتتىن چەتلەيدۇ، ئاما نازارەت قىلسا، ئىناۋىتىمگە تەسىر يېتىدۇ، دەپ قاراپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى چەتكە قاقىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئاممىنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىش تۈگۈل، كۆڭلىدە غۇم ساقلايدۇ ھەتتا پىكىر قىلغان كىشىلەردىن زەربە بېرىپ ئۆچ ئالىدۇ. بۇنداق تونۇش ۋە قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن زىيانلىق، ئۇنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۆزىگە ئۆزى جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق تۈردە قوبۇل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتى بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى بىردەك، بۇ ئىككى مەنپەئەت ئىچىدە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت پۈتكۈل خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ ئىككى مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى جەزمەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش كېرەك. لېكىن، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا بەزى يولداشلىرىمىز كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا ئېتىبار بېرىدۇ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە ئېتىبار بەرمەيدۇ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ خەلق ئاممىسىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن باش تارتمايدۇ. بۇنداق ئىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك.

### 4. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، خالىسانە تۆھپە يارىتىش، سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش

پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتى بەلگىلىگەن. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشى ئالاھىدە زۆرۈر. ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خالىسانە تۆھپە يارىتىشىمىز، باشقىلارغا قىل دەپ تەلەپ قويۇلغانلىكى ئىشنى ئۆزىمىز ئالدى بىلەن قىلىشىمىز، باشقىلارغا قىلما دەپ تەلەپ قويۇلغان ئىشنى ئۆزىمىز

قەتئىي قىلماسلىقىمىز، ياخشى ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتىمىز بىلەن كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئورتاق كۈرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشىمىز ۋە يېتەكلىشىمىز لازىم.

ھازىر بەزى پارتىيە ئەزالىرىمىز جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمايدىغان بولۇپ قالدى، ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر يامان كەيپىياتقا بېرىلىپ، تاپتىن چىقىپ، ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ئەخلاق ساھەسىدە، كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويۇشى لازىم. ئامما قىلىشقا بولىدىغان بەزى ئىشلارنى رەھبىرىي كادىرلار قىلىشقا بولمايدۇ، بەزى ھاللاردا ئامما تېپىشقا بولىدىغان پۇلنى رەھبىرىي كادىرلار تېپىشقا بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى نام-ئاتاق ئۆتكىلى، ھوقۇق ئۆتكىلى، پۇل ئۆتكىلى، يۈز-خاتىرە ئۆتكىلى، ساھىبجامال ئۆتكىلىدىن ئىبارەت بەش ئۆتكەلنىڭ سىنىقىدىن ئوبدان ئۆتۈشى، ئۆزىگە قاتتىق چەك قويۇپ، ئۆز نەپسىنى يىغىپ، ئەيش-ئىشرەتنىڭ ۋە ئۆزئارا بەسلىشىشنىڭ قىزىقتۇرۇشىنى توسۇشى ۋە ئۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلىيەلەيمىز، ئاندىن چىڭ-چىڭ سۆزلىيەلەيمىز، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيمىز ۋە ئۇيۇشتۇرالايمىز.

ئۆزىمىزگە قاتتىق چەك قويۇش ئۈچۈن، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىشىمىز، ئىشنى كىچىكىدىن باشلىشىمىز، ئىشقا كىچىكىدىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بەزى يولداشلار، رەھبىرىي كادىرلار چوڭ ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويمىسىلا بولىدى، تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردا، مەسىلەن، ئاز-تولا يەپ-ئىچىپ، سوۋغا-سالام ئېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاز-تولا راھىتىنى كۆرىدىغان ئىشلاردا ئۇلارنى بەك قىسۋەتمەسلىك كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش خاتا. "كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ"، كىچىك ئىشلاردىمۇ ئۆزىنى يىغالمىغان يەردە، چوڭ ئىشلاردا قانداقمۇ ئۆزىنى يىغالىسۇن؟ دېمەك، رەھبىرىي كادىرلار سوتسىيالىستىك ئەخلاقتا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن كىچىك ئىشلاردىن دىققەت قىلىپ تۇرۇشى، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، كەسپىي ئەخلاقتا ۋە ئائىلىۋى ئەخلاقتا رىئايە قىلىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىشى، ياخشى ئىشلارنى كىچىك ئىشلار دەپ قىلمايدىغان، يامان ئىشلارنى ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ قىلىپ سالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۆزىگە قاتتىق چەك قويۇش ئۈچۈن، ئاگاھلىق جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، باشقىلارنىڭ نازارىتىسىز ئەھۋالدا ئۆزى يالغۇز ئىش بېجىرىۋاتقان چاغلاردىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر قانداق يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۆزىگە قاتتىق چەك قويۇش جەھەتتىكى تېخىمۇ چوڭ سىناق ئۆزىنىڭ دۇرۇس ھەرىكىتىنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىزچىل تۈردە ئۆزىمىزگە يۇقىرى ئۆلچەم قويۇشىمىز، بولۇپمۇ نەتىجە قازانغاندا ياكى ئاخىرقى ئۆمۈرگە يەتكەندىمۇ تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇشى لازىم. ھازىر بەزى رەھبىري كادىرلار سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا، يازغان ماقالىلىرىدە چىرايلىق، تەسىرلىك سۆزلەرنى تىزىۋېتىدۇ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولسا ئۇنىڭدىن بەك يىراقلاپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزىلەر كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدۇ، ساختىپەزلىك قىلىدۇ، بۇ بۇرژۇئا سىياسەتۋازلىرىغا خاس ئۇسلۇبنىڭ ۋە مەشچانلىقنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى، شۇنداقلا پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلىمەسلىكنىڭ ئىپادىسى. ئوچۇق-يورۇق بولۇش، ساپ دىل بولۇش، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پارتىيىمىزنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان تەلىپى، شۇنداقلا رەھبىري كادىرلارغا ئادىمىچىلىك جەھەتتە قويۇلىدىغان توپ مىزان. ھەر بىر رەھبىري كادىر ئەمەلىي خىزمەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنگە باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىشى، خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا، نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىگەندە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمەي، يوشۇرماي، بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار ئەمەلىيەتچىللىك ئۇسلۇبىنى ئۆزى داۋاملاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز رايونى ۋە ئۆز ئورنىدىكى ساختىپەزلىك ئۇسلۇبىنى قاتتىق توسۇشى لازىم. شۇنداق بىر خىل مۇھىت يارىتىش كېرەككى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار ياخشى ئىش بولسا ياخشى ئىشنى، يامان ئىش بولسا يامان ئىشنى مەلۇم قىلىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ياخشى ئىش ھەققىدىكى مەلۇماتنىمۇ، يامان ئىش ھەققىدىكى مەلۇماتنىمۇ قۇلاق سالىدىغان بولسۇن. شۇنداق بىر خىل كەيپىيات يارىتىش كېرەككى، كىمكى ساختىپەزلىك قىلسا ياكى قول ئاستىدىكى ئورۇننىڭ ساختىپەزلىك قىلىشىغا يول قويسا، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ ياكى جامائەت ئالدىدا ئاشكارا قىلىنىپ، تېگىشلىك چارە كۆرۈلىدىغان بولسۇن. جەمئىيىتىمىزدە، پارتىيىمىز ئىچىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان كىشىلەر

زىيان تارتىدىغان، ساختىپەز كىشىلەر پايدا ئالىدىغان ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتە راست سۆزلەيدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىكلىگىلى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ۋە پەزىلەت سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**5. تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قولغا ئېلىپ، پارتىيە ئىچىدە ئىجابىي جەھەتتىن ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش لازىم**

تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلىنىڭ بىرى. تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالنى توغرا ئىشلىتىش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئەنئەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئىجابىي جەھەتتىن ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر مۇھىم ھالقىدىن ئىبارەت. شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، بېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز بولمىغان جايلار ۋە ئورگانلاردا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق، ياخشى بولماسلىق ئەھۋاللىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ، پارتىيە تۇرمۇشى-نىڭ ساغلام بولمايۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. مەسىلەن، بەزى يولداشلار بەنزە ئىچىدىكى ناچار خاھىشلارنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر يولداشلارنىڭ يېتەرسىزلىكى، خاتالىقىنى كۆرسە، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بەرمەي، ئەكسىچە ئىچى قارىلىق قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئۆز مەيلىچە تارقىتىۋېتىدۇ. بۇنداق خاتا ئىدىيە ۋە قىلمىشلارنىڭ كاساپىتىدىن ناچار خاھىشلار ۋاقتىدا تۈزىتىلمەيدۇ، پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامىنىڭ چەكلەش كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىدا، بىز نۇرغۇنلىغان قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتىمىز. پارتىيە ئىچىدە ئىجابىي جەھەتتىن ئىدىيىۋى كۈرەشنى كۈچەيتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرساق، بىز ئەگرى يولنى ئازراق باسىمىز، خاتالىقنى ئازراق سادىر قىلىمىز،

www.uyghurkitap.com

ئازراق ئېغىش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ۋاقتىدا تۈزىتىپ كېتەلەيمىز. ئىللەتلىرى بار يولداشلارنى ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش، ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىك، خاتالىقلىرىنى دوستانە كۆرسىتىپ بېرىش، ماھىيەتتە، بۇ يولداشلارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.

تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قولغا ئېلىپ، ئىجابىي جەھەتتىن ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇشتا، لىبېرالىزمغا، ياخشىچاقلىقتا قارشى تۇرۇش لازىم. ھەر بىر يولداش ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ساپ دىل بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلىرىغا جىددىي قاراپ، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىشى، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ھەقىقىي ئىدىيىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئىچ-باغرىنى يېرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر كۆپ بولغان مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەينەن چۈشەندۈرۈپ، ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى تۈزىتىش ھەمدە سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. يولداشلار ئارا پەردىشەپنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىش، بىر-بىرىگە سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇش، گۇيپاڭچىلىققا، پەس، چاكىنا قىلىقلارغا قارشى تۇرۇش لازىم. تەنقىد قىلىنغان يولداشلار باشقىلارنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى، بولۇپمۇ ئاساسىي رەھبىرىي يولداشلار تەنقىدنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئېلىشى كېرەك، تەنقىد بەرگەنلەرنى بېسىشقا بولمايدۇ، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. رەھبەرلەر ئارا تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشتا، ئاساسىي مەسىلىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەم ئىدىيىنى ئېنىقلاش، ھەم يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش مەقسىتىگە يېتىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، كىشىلەرنى داۋلى بىلەن قايىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پرىنسىپسىز ماجىرا توغدۇرماسلىق كېرەك. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە-لىقنى سۆزلەش يىغىنى، تۆھپىلەرنى تەرىپلەش يىغىنى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى سەگىتىدى-غان يىغىن، ھەممە كىشى تەربىيە ئالىدىغان يىغىن بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرغىلى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكىلى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى زور بىر قەدەم ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

**6. ئادىل، ھەققانىي بولۇش، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇش، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈسۈش ۋە تۈزىتىش لازىم**

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى غەلبىلىك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھالقىسى پارتىيىدە، ئادەمدە. ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشتە پارتىيىنىڭ پرىنسىپىنى قەتئىي يولغا قويۇش-قويالماسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى سىنايدىغان سىناقتۇر. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشكىلىي تارماقلار پارتىيىنىڭ ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنىنى "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈسۈش ۋە تۈزىتىش جەھەتتە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لېكىن بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار مەسىلىسى يەنىلا خېلى گەۋدىلىك بولۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىماقتا. بۇنىڭغا قارىتا يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان بۇ ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى ئىنتايىن يامان، زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ رەتكە سېلىپ، بۇ خىل ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈسۈش، بۇ خىل چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك." يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزىدە ھەم ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئېغىرلىقى ۋە زىيىنى كەسكىنلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلدى، ھەم مەركەزنىڭ بۇ خىل ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشكە تۇتقان قەتئىي پوزىتسىيىسى ئىپادىلەندى، ئۇنىڭغا بىز ھەر بىر رەھبىرىي كادىر يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش لازىم. تارىختىكى چىرىكلىكلەر ئىچىدە زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇشتىكى چىرىكلىك ئىدى، بىز تارىخنى ئۈرنەك قىلىشىمىز لازىم. ھازىر بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە ئادەم ئىشلىتىش

ئۈلچىمىدىن چەتلەپ، پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلماي، يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش يولىنى تۇتۇۋاتىدۇ؛ بەزىلەر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىكىنى ئادەم ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋاتىدۇ؛ بەزىلەر بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرمەي، خىيالىغا كەلگەننى كۆنتەرتىپكە قويۇش يولىنى تۇتۇۋاتىدۇ؛ بەزى كادىرلار مەنسەپ ئۈچۈن قاتراپ يۈرۈش، مەنسەپ تەلەپ قىلىش ئىشلىرىغا قىزىقىدۇ، ھەتتا ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلدى. بۇنداق ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىكلەر ئەستايىدىل تۈزىتىلمەيدىكەن، پارتىيىنىڭ كادىرلار ئىشلىرىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر زىيان سېلىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلىك ئورنىنى قوغداش ۋە مۇستەھ-كەملەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئاكتىپ ھالدا ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار بىلەن كۈرەش قىلىشى، بۇ مەسىلىدە مۇستەھكەم پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى «نىزامنامە»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرىش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار ئىشلىرىدا نەچچە ئون يىل جەريانىدا شەكىللەنگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاكتىپلىق رىئايە قىلىپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-رۇش، ئۇنىڭدىن تەۋرەنمەسلىك؛ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىگەللەش، ئۇنىڭدىن چەتلەپ كەتمەسلىك؛ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش تەرتىپىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىش، ئۇنى جانلىق ئىجرا قىلىمەن دەپ ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئىشنى قىلماسلىق دېگەن تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يامانغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى

قەتئىي تۇسۇش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيە ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىشى لازىم. مەيلى قانداق ئادەمگە چېتىشلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش لازىم؛ مەنسەپ ئۈچۈن قاتىراپ يۈرگەنلەر، مەنسەپ تەلەپ قىلغانلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىش، مۇشۇ يول بىلەن ئۆستۈرۈلگەنلەرنى رەھبەرلىك ئورنىدىن قەتئىي چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك؛ مەنسەپ سېتىۋالغان، مەنسەپ ساتقانلارنىڭ بىرى بايقالسا، بىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە قەتئىي جازالاش لازىم؛ ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىش لازىم.

ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىشتە، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللاردىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدىغان بىر يۈرۈش يېڭىچە ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش يولىغا سېلىش لازىم.

**7. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك**

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىدىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، تەشكىلىي ئىنتىزام، سىياسىي ئىنتىزاملارغا رىئايە قىلىش جەھەتلەردىكى ئەھۋالى ئومۇمىي

جەمەتتىن ياخشى بولدى، لېكىن بەزى رەھبەرىي كادىرلاردا تەشكىل كۆزقارىشى، ئىنتىزام كۆزقارىشى، ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش ئېڭى ئاجىزلىشىپ كېتىش، تار مەھكىمىچىلىك، لىبېرالىزم ئەۋج ئېلىپ كېتىش مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزى جەيلار ۋە ئورۇنلار بىر تەرەپلىمە ھالدا قىسمەن مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە نىسبەتەن كۆڭلىگە ياققانلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، كۆڭلىگە ياقمىغانلىرىنى ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى؛ بەزىلىرى ”يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە قارشى تەدبىر بار“ دېگەننى يولغا قويۇپ، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان بولدى. يەنە بەزى رەھبەرىي كادىرلار ئۆزىنى پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىرتىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەتسىز ھالدا ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەردى. گەرچە بۇنداق ئەھۋاللار ئاز ساندىكى رەھبەرىي كادىرلاردا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەركەز ۋە دۆلەت ھوقۇقىنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان سالدى، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پارتىيە تەشكىلي ۋە ئىنتىزامىنى بوشاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە سەگەك تونۇش بولۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، رەھبەرىي كادىرلار ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش جەھەتتە نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك. بىرىنچى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغداش كېرەك. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئالىي مەنپەئىتى مەركەزنىڭ نوپۇزىغا باغلىق بولىدۇ. مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش دېگەنلىك سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكنى ساقلاش دېگەنلىكتۇر. مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئەھۋالنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ھەركىم ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان ئىشلاردا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، باشقىچە يول تۇتۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق قىلىدىغان، قىل دېگەننى قىلماي، قىلما دېگەننى قىلىدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قوغدىشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم. ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشتە چوقۇم ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن جايلار مەنپەئەتى، تارماقلار مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئومۇمىي مەنپەئەتكە خىلاپ كېلىدىغان بارلىق قىلمىشلارنى، بولۇپمۇ يەرلىك قورۇقچىلىق قىلمىشلىرىنى تۈزىتىش لازىم.

ئىككىنچى، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىدىيە جەھەتتىن توغرا تونۇش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويۇش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش بىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى قوغداپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى، سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىرلىكىنى ساقلاش لازىم. شۇنى ئېنىق بىلىش لازىمكى، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، ئىسلاھاتتا ئىنتىزام بولمىسا بولمايدۇ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتىن مەقسەت ئىسلاھاتقا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش. دەرۋەقە، ئىسلاھاتتا بەزى كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئىسلاھاتنىڭ بۇزۇپ تاشلايدىغىنى پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى بولماستىن، بەلكى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا قائىدە-يوسۇنلاردىنلا ئىبارەت. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىنتىزامنىڭ چەكلەيدىغىنىمۇ پەقەت قائىدىدىن چىقىپ كەتكەن قىلمىشلار بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان پۇت-قوللىرىنى چۈشەپ قويمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىنتىزام كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى ئاڭلىق قوغداپ، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش لازىم. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇشى، ھەر ۋاقىت پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ چەكلىمىسىنى ئېسىدە تۇتۇشى، ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق پارتىيىنى قوغدىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ

پارتىيە تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئەلۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇش مەسئۇلىيىتى بار، لېكىن توغرا ئۇسۇلنى قوللىنىشى، پارتىيە ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيە-سىنى تۇتۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيىنى ئاڭلىق قوغدىشى، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، بولۇپمۇ قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ، شەخس بىلەن تەشكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلاردا ئومۇملۇققا ئاڭلىق ئېتىبار بېرىپ، پارتىيىنىڭ چاقىرىقلىرىنى ئاڭلىشى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاڭلىق بويسۇنۇشى كېرەك، لىبېرالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ھەرگىزمۇ رايىغا قويۇپ بەرمەس-لىك، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**8. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان، پاك بولۇش لازىم**

جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، شۇنداقلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، ھارماي-تالماي ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىي كەيپىياتنى ساقلاپ كەلدى. بۇمۇ پارتىيىمىزنىڭ ئارقا-ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىدا، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردا پارتىيىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇشتەك ياخشى ئەنئەنىسى، ياخشى ئىستىللىرى ئۇنتۇلۇپ قېلىندى، بەزىلەردە ھەتتا پۇتۇنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ قويۇلدى. ھەشەمەتچىلىك قىلىش، سۆلەتۋازلىق قىلىش، بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىش ھادىسىلىرى ئاز بولمىغان جايلار ۋە ئورۇنلاردا ئەۋج ئېلىپ كەتمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۇلغايتىش كېرەك. پارتىيىلىك كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى بولغاندىكىن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى باشلامچىلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇش خىسلىتىنى ساقلىشى كېرەك. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئاھالىسى كۆپ، ئاساسى ئاجىز، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىقى ئاز، رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى

ئەمەس. ھازىر 58 مىليون يېزا ئاھالىسىنىڭ كىيىم يۆتۈن، قوساق توق بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنغىنى يوق، شەھەرلەردىكى بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشۋېلىشنى نىشان قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، مۇشۇنداق بىر ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىزنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىمىزنى بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تەرەققىي قىلغان، بېيىغان تەقدىردىمۇ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تەكىتلىمەسلىككە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 8-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا يەنە تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن پارتىيىگە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”بىز پۈتۈن مەملىكەتتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي-ساددا بولۇش، تىرىشچان-ئىقتىسادچان بولۇش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز لازىم.“ ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر پارتىيىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن باشتىن-ئاخىر پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان، پاك بولۇشى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ھەشەمەتچىلىك قىلىش، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ بۇزۇپ چېچىش ئەھۋاللىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان، پاك بولۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى قايسى نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىقى، قايسى نەرسىلەرنىڭ ناچارلىقىنى، قايسى نەرسىلەرنىڭ چىڭ تۇرۇش ۋە تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە، قايسى نەرسىلەرنىڭ توسۇش ۋە قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تۇپ جەھەتتە ئېنىقلىۋېلىشى، ئالىيجاناب روھىي كەيپىياتنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى كۆزقاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان-ئىقتىسادچان، ئاددىي-ساددا بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىشنى، بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىش، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ بەتخەجلىك قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىشنى ئاڭلىق ئەمەلدە كۆرسىتىپ، پارتىيىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ياخشى ئەنئەنىسىنى ئۆزىنىڭ

ئىدىيە ۋە ئىستىلىدا ھەقىقىي يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قەھرىمان-نەمۇنىچىلەردىن ئۆگىنىشى، كۆڭ فەنسېن قاتارلىق ياخشى كادىر، ياخشى پارتىيە ئەزالىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى ئۆگىنىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىرادىسىنى تاۋلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۆز ئابرۇيىنى ساقلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇشى، ئۆزىنى تىرىششقا ئۈندەپ تۇرۇشى، ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتىكى سىياسىي چاڭ-توزانلارنى ئۈزلۈكسىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مەڭگۈ كېلى ساق، قولى پاك بولۇپ، ھەق ئىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ كەسكىن سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە، شۇڭا ئۇنى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بوشاشماي دائىم چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاجايىپ ياخشى ئورۇنداپ، ئەلا نەتىجە بىلەن 15-قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشى لازىم.

**(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئالىمجان سابىت**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 09>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V　刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D
邮发代号:2—373　定价:1.80元　邮政编码 100013